**Vefat Yazısı:**

*Türk Dilleri Araştırmaları* 14 (2004): 155-162

# Tursun Eyüp'ün Ardından


Mehmet Ölmez
(İstanbul)

Çin Milletler Üniversitesi, Uygur Dili ve Edebiyatı öğretim üyesi, üniversite rektör yardımcısı Tursun Eyüp geçen yıl 4 Nisan'da geçirdiği beyin kanaması sonucu vefat etti.


Türkiye'de esas olarak Eski Türkçe çalışan çevrelerde tanınan tursun Eyüp akademik etkinliklerini daha çok Eski Uygurcanın öğretilmesi ile Eski Uygurca metinlerin yayımına ayırmıştı. 1947 yılının Şubat ayında Şinciang'ın Korgas kazasında (Gulca, İli) doğan T. Eyüp ilk ve orta öğrenimini burada tamamladıktan sonra üniversite öğretimine Pekin'de Milletler Üniversitesi'nde devam etmiştir. Üniversite öğreniminden sonra bir süre Şinciang'da çevirmenlik yapmıştır. 1986'dan vefatına değin de Milletler Üniversitesi'nde çalışmıştır. Öğretim üyeliğinin yanı sıra idari görevleri de sürdüren Tursun Eyüp, rektör yardımcılığının yanı sıra Çin Türk Dilleri Araştırmaları Derneği'nin de başkan yardımcısıydı.

Çin dışındaki Türkoloji çalışmalarıyla da ilgilenen Tursun Eyüp 1986 yılında bir süreliğine Viyana'da Doğubilimleri Bölümü'nde Uygurca ile ilgili dersler de vermiştir.

*Ḳedimki Uyġur Tili Oḳuşluḳi*



Çeşitli çalışmaları arasında Eski Uygurca okuma parçalarının yer aldığı *Ḳedimki Uyġur Tili Oḳuşluḳi* (Milletler Neşriyati, Pekin 1998, 382 s.) ve Muhemmetrèyim Sait ile yayına hazırladıkları Altun Yaruk sayılabilir. *Ḳedimki Uygur Yèzikidiki Altun Yaruḳ*, Şincaŋ Helḳ Neşriyati, Ürümçi 2001, 596 s. (metin, çeviri, notlar, sözlük, Radloff-Malov yayınının tıpkıbasımları). İzleyen sayfalarda Tursun Eyüp'ün ölümü dolayısıyla hazırlanan "Yoldaş Tursun Eyüp'niŋ Ḳisḳiçe Tercimihali"ni bulacaksınız.





يولداش تۇرسۇن ئايۇپ مەڭگۇ ھايات

吐尔逊•阿尤甫同志永垂不朽

# يولداش تۇرسۇن ئايۇپنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تۈركىي تىللار پروفېسسورى، ماگىستىرلار يېتەكچىسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى- مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتالغۇشۇناسلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش تۇرسۇن ئايۇپ، مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 2003- يىلى 4- ئاينىڭ 8- كۈنى سائەت 18.00دە بېيجىڭدا 56 يېشىدا بەختىكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ، ئەر، ئۇيغۇر، 1947- يىلى 2- ئايدا شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959. 9 – 1965. 7، شىنجاڭ قورغاس ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان؛ 1965. 9 – 1968. 9، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەييارلىق بۆلۈمىدە ئوقۇغان؛ 1968. 10 – 1969. 2، شىنجاڭ كۈنەس ناھىيىسى تورگۈن يېزا ئىگىلىك مەيدانىدا قايتا تەربىيە ئالغان؛ 1970. 3 – 1971. 1، شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسى ئۆكتەبىر گوڭشېسىدا تەرجىمانلىق قىلغان؛ 1971. 2 – 1971. 8، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە تەرجىمانلىق كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1971. 10 – 1986. 2، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1986. 2 – 2002. 3، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1986- يىلى 2- ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر

ئىنستىتوتى ئاز سانلىق مىللەتلەر 2- فاكۇلتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1988- يىلى 6- ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتوتى ئاز سانلىق مىللەتلەر 2- فاكۇلتېتىدا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، فاكۇلتېت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1998- يىلى 5- ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتوتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 2000- يىلى 9- ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- ئەدەبىيات ئىنستىتوتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2002- يىلى 3- ئايدىن باشلاپ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەكتەپ ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى، شۇنداقلا مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيەسىنى تۇتقان. ئاز سانلىق مىللەت تىل مائارىپىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، 1976- يىلى 11- ئايدىن 1980- يىلى 2- ئايغىچە قەدىمكى تۈركىي تىللار سىنىپىدا قەدىمكى تۈرك تىلىنى مەخسۇس ئۆگەنگەندىن سىرت يەنە، «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى»، «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىي»، «تىلشۇناسلىق»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «ئۇيغۇر تىلى تارىخى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، تېزلىكتە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا غوللۇق ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئاسپىرانتلارغا، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «تەرجىمە نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلى مەدەنىي يادىكارلىقلار

گراممатىكىسى»، «ئۇيغۇر تىلى تارىخى»، قاتارلىق ئون خىل كەسپىي ئاچقان.

ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ، دەرس تەييارلاشتا ئەستايىدىل بولۇپ، ياخشى ئوقۇتۇش مېتودى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش جەھەتلەردە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تونۇشتۇرۇش، تىل تەتقىقاتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا كەسپىي ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ئۆگىنىش مەقسىتىنى توغرىلاش جەھەتتىكى خىزمەتلەردە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، مەكتەپ دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان.

1986- يىلى 2- ئايدىن 7- ئايغىچە تەكلىپكە بىنائەن ئاۋسترىيە ۋىنا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تاللانمىلار قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈش ئارقىلىق، جۇڭگو ۋە چەتئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، ئىزچىل تۇردە ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مائارىپ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگەللەپ، ئەمەلىي مەسىلىرىنى ھەل قىلىپ، ئىدىيىۋى ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردە كۆڭۈل بۆلۈپ، چىگرا رايونىدىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇرغان.

ئۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا بىيجىڭ شەھەرلىك «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ئىلىم ئىشلىرىغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ مۇستەقىل

هالدا ھەم باشقىلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېمىلار بويىچە : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قەدىمكى ئۇيغۇر داستانى - - ئوغۇزنامە» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسىرى «دۇنيا تارىخى تەزكىرىسى»، «ئادەم قانداق پەيدا بولغان» قاتارلىق تېمىلارنى تاماملىغان؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» نەشردىن چىققان، «ئۇيغۇر يېزىق تىلىنى تارىخى دەۋرلەرگە بۆلۈشنىڭ پرىنسىپلىرى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ۋە ئاساسلىق سەۋەبلىرى»، «يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل يېزىقى يادىكارلىقلىرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى لايىھىسى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلى تەتقىقاتى ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ پارتىيەنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى فاڭجىن سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، سىياسىي، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان ھەمدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە باغلىغان. ئۇ مىللەتلەر ئىتىپاقى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى قوغداش جەھەتتە ئۆزىنى مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان، كىشىلەرگە قىزغىن، ئىستىلى پاك، ھەققانىيەتچى ئىدى. ئۇ جانپىدالىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، خىزمەتنى مۇھىم بىلەتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ پايدا زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. خىزمەتلەردە سالماق بولۇپ، پرىنسىپ ۋە سىياسەتلەردە چىڭ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كۆچلۈك رەھبەرلىك سەنئىتىگە ئىگە ئىدى.

ئۇ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىل- ئەدەبىيات كەسپىدە 16 يىلدىن

ئارتۇق ئىشلىدى. ئۇ جاپالىق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەكتىۋىمىز ، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ تۈركىي تىل- ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى، كادىرلار باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرىشچانلىقى ۋە ئىدىيۋى جەھەتتىكى ساغلاملىقى بىلەن ئاددى بىر ئازسانلىق مىللەت پەرزەنتىدىن مۇنەۋۋەر قەدىمكى تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسى ۋە رەھبىرى كادىر بولۇپ يېتىشكەن. مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز باشقۇرۇش دائىرىسىدە جاپالىق بىلەن ئىشلىگەن. ئۇزۇن يىللارغىچە جاپالىق ئىشلەپ، ئۆز ئەمەلىيىدىن زور نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، ھارتىم- تالدىم دېمەي ئاغرىقى ئىنىقىغىچە خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولۇشى بىزنى مۇنەۋۋەر بىر ئازسانلىق مىللەت كادىرىمىزدىن ۋە ئىلمىي خادىمىمىزدىن ئايرىدى. ئۇ بىز ئۈچۈن ھەم ئۇستاز ھەم مەسلەكداش ئىدى. ئۇنىڭ ئىللىق چىرايى بىزنىڭ ئېسىمىزدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ، بىز ئۇنىڭ تېخى تامام بولمىغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ بارىمىز.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي !!.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپنى دەپنە قىلىش ئىشخانىسى.

2003- يىل 10- ئاپرىل.